# خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرايلى

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز.» پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى قوزغىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يىلتىزى خەلقتە، جان تومۇرى خەلقتە. پارتىيەنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات قىلىشتىكى تۈپ مەقسىتى خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر، مەيلى قانچىلىك زور خىرىس ۋە بېسىمغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، مەيلى قانچىلىك زور قۇربان بېرىش ۋە بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، بۇ نۇقتىدا باشتىن - ئاخىر ئېغىشمىدى، قىلچە تەۋرەنمىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، باشتىن - ئاخىر تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇپ، بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار - يۆلەكى بولۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇردى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، يېزىلاردىكى 55 مىليون 750 مىڭ نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 60 مىليون كىشىدىن ئاشتى، دۇنيادا كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئورنىتىلدى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى 1 مىليارد 300 مىليوندىن كۆپرەك كىشىنى قاپلىدى، ئاساسىي ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى 1 مىلياردقا يېقىن كىشىنى قاپلىدى. ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە پات ئارىدا تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى «پۇقرالار بەك جاپا - مۇشەققەت چەكتى، خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغان چاغ كەلسە بولاتتى» دېگەن ئىستەك پات ئارىدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت چىڭ تۇتۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - تەلىپى ۋە تەقەززاسىغا ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى سىستېمىلىق پىلانلاندى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «تەكلىپ»تە، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تۈپ مەقسەت قىلىندى، ئۇنىڭغا خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلدى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى «خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش» نىشان - ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئورتاق بېيىش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تەقەززاسى. بىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتى ۋە كىرىم تەقسىماتى پەرقى بىرقەدەر چوڭ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مەزگىللىك ۋەزىپە، لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلىشىغا ئەگىشىپ، بىز جەزمەن پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «تەكلىپ»تىكى 2035 - يىلىغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش كەلگۈسى نىشانىدا «پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىدا تېخىمۇ روشەن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش قىسمىدا «ئورتاق بېيىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇش» گەۋدىلىك تەكىتلەندى، بەزى مۇھىم تەلەپ ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنداق بايان قىلىش پارتىيەنىڭ ئومۇمىي يىغىن ھۆججەتلىرىدە تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ، ھەم ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە كۈرەش نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلدى ھەم ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن، تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئېھتىياج بىلەن ئىمكانىيەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىلدى، بۇ، خىزمەت داۋامىدا پائال، پۇختا ئىگىلەشكە پايدىلىق. بىز پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، پۇختا - ئەستايىدىل بولۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

شىكۇمېندىن تيەنئەنمېنغىچە، شىنيې يولىدىن فۇشىڭ يولىغىچە، ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە، پارتىيەمىز خەلق ئۈچۈن دۇنياغا كېلىپ، خەلق ئۈچۈن گۈللىنىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ قاتمۇقات توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن تارىخ بېتىدە چاقناپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، مەيلى قانداق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، بىز باشتىن - ئاخىر خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلققە چىڭ تايىنىش، خەلققە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىش، خەلق ئارىسىدا پۇختا يىلتىز تارتىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، بىللە ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى شانلىق تارىخىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى سىستېمىسى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى بىۋاسىتە نازارەت قىلىدىغان، باشقۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىللىق ۋەزىپە پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى، نازارەت قىلىدىغان، باشقۇرىدىغان كارخانىلارنى سېتىۋېلىش، سېتىشقا ياردەم بېرىش، مەخسۇس رايون، مەخسۇس پوكەيدە كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش، ئېلېكترونلۇق سودا ماركېتىغى ئورنىتىشقا تەشكىللەش ۋە دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى سىستېمىسىدىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستېمال بازىرىغا كىرىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، مەھسۇلاتلارنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، ھوسۇلنى كىرىمگە ئايلاندۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى مۇھىم نۇقتا، نامرات ئائىلىلەرنى قوللاش ئوبيېكتى قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، قارىمىقىدىكى يەتتە چوڭ كەسىپ بازىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشكە، 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىنى كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئالما، نەشپۈت، كۆزلۈك چىلان، چىپار توخۇ، نىيە قارا توخۇسى قاتارلىق قىممىتى 36 مىليون 430 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى سېتىۋالدى، نامرات رايونلارنىڭ 20 مىليون 900 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇق، ھۆل مېۋە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى.

شىنجاڭ شىنيې دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەسىس قىلغان كېرىيە گۆيمى شىركىتى، خوتەن گوجىجۇ شىركىتى قاتارلىقلار ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى يولغا قويغان سۇبيېكت بولۇپ، توردا ۋە تور سىرتىدا قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈلنى تولۇق سېتىۋېلىش، ياڭاق، چىلان، كالا، قوي قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىشقا ياردەم بېرىش شەكلى ئارقىلىق، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 57 مىليون 260 مىڭ يۈەنلىك، 24 مىليون 990 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى سېتىۋالدى، ساتتى.

شىنجاڭ ئايرودۇرۇم (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئايرودۇرۇم ئاۋىياتسىيە ترانسپورت تورى، مېھمانسارايى كەسپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەۋەلىكىدىكى مىليون دەرىجىلىك ئالتە ئايرودۇرۇم ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىدا نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە خاس مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىچى - سىرتىدا سېتىشىغا ياردەم بەردى. نۆۋەتتە نامرات رايونلارنىڭ 3 مىليون 870 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى سېتىۋالدى، سېتىشىغا ياردەم بەردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. يىغىندا ئىمزالىنىدىغان تۈر 16 بولۇپ، ئىمزالىنىدىغان تۈرلەر توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، كومپيۇتېرنى تولۇق تەتقىق قىلىپ ئېچىش، پۇل مۇئامىلە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق جابدۇق، يېشىل ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

شىنجاڭ سودا ئۆمىكىنىڭ ئادىمىيەت ئالاقىسى كۆرگەزمە زالى «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن بۇ باش تېمىنى زىچ چۆرىدەپ ئىجادىي لايىھەلەندى ۋە مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتكۈل كۆرگەزمە زالى رۇسلارنىڭ بايان سەنئىتىنى كۆرگەزمە قىلىش، قىرغىزلارنىڭ كەشتىچىلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىس بۇيۇملارنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى، كۆن - خۇرۇم ئويمىچىلىقى، ساپال قاداقچىلىقى قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش رايونى ھەمدە مەدەنىيەت ئىجادىيىتى تاۋارلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش رايونى قاتارلىقلارغا ئايرىلدى. كۆرگەزمە مەزمۇنى جەھەتتە، «دۇنيادىكى گۈزەل مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا» ناملىق يۈرۈشلۈك چوڭ فىلىم كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىپ، ئادىمىيەت سۈرەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىجادىيىتى تاۋارلىرى ماسلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ «ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش»تىكى گۈزەللىكى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىندى؛ رۇسلارنىڭ بايان سەنئىتى قاتارلىق ئالتە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تۈرى كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىپ، ماددىي بۇيۇملارنى كۆرگەزمە قىلىش ئاساس قىلىنىپ، ئايرىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئويۇن قويۇشى ماسلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ قويۇق ئادىمىيەت ئاساسى نامايان قىلىندى.

پۈتكۈل شىنجاڭ سودا ئۆمىكىنىڭ ئادىمىيەت ئالاقىسى كۆرگەزمە رايونى جەمئىي 126 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالتە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرى، 26 پارچە سۈرەت، 100 گە يېقىن ماددىي بۇيۇم كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. ئادىمىيەت ئالاقىسى كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭنىڭ ساياھەت، مەدەنىيەت مەزمۇنى بىلەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەزمۇنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئادىمىيەت گۈزەللىكى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، جانلىق نامايان قىلىنىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەقىل - چارە كۆرسىتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

«ئومۇمىي يىغىندا يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، بىزدەك يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەم پۇرسەت، ھەم خىرىس.» جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى جياڭ پىڭئەن مۇنداق بىلدۈردى: «بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپىمىز قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، پەن - تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى سۆيىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىمىز».

«ئومۇمىي يىغىندا ‹14 - بەش يىل›لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان سىستېمىلىق پىلانلاندى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بىز بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھاملاندۇق، ئىنتايىن روھلاندۇق.» جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى يوۋ جياڭبىن مۇنداق دېدى: دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى تېزدىن قوزغاپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچىنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، بوشاشماي ئىلگىرىلەيدۇ.

«ئومۇمىي يىغىندا كەلگۈسى بەش يىللىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانلىنىپ، كىشىنى چەكسىز روھلاندۇردى.» جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى، باش كاتىپ جېي جيەنفاڭ مۇنداق دېدى: دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەر بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك خاس ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇننى مەھكەم ئىگىلەپ، دىققىتىنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققىتىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىدۇ، كۈچ چىقىرىدۇ.

«ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان ‹تەكلىپ› ئەمەلىيەتنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، خەلقنىڭ يېڭى ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.» جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى سۇن يۈخۇا مۇنداق بىلدۈردى: «بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پائال ئەقىل - چارە كۆرسىتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە قان - تەرىمىزنى بېغىشلايمىز».

«بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دەل جايىدا تېپىپ تاللاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىشنى يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى قىلىمىز» دېدى جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى مىڭ چىڭسېي.

«‹14 - بەش يىل›لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.» «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى جيا دېيەنزىڭ مۇنداق دېدى: يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك، ئىلمىي بولغان ئېسىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈپ يولغا قويۇشقا كۈچ قوشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس گۇ خۇاشياڭ مۇنداق بىلدۈردى: سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى كادىرلىرى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ھەم پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پائال يېتەكلەپ، پۇقراۋى كارخانىلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باش تېمىسىنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا بەس - بەستە ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز.

«ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان ‹تەكلىپ› پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن يىغىلىش سىگنالى چالدى.» پارتىيە - گۇرۇھسىز زات، بېيجىڭ جيەنكۈن (ئۈرۈمچى) ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى پاتىمە ماخمۇت مۇنداق بىلدۈردى: «مەن شەخسىي غايەم بىلەن دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇپ، كەسپىي ئەۋزەللىكىمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)